# دۆلەتنىڭ ئار ـ نومۇسىنى ئۇنتۇماي، ئەمەلىي ئىشلەپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش

## ــــ پۈتۈن مىللەت ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى پارتلىغانلىقىنىڭ 83 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى
ۋاڭ جۈنلۇ، لى فاڭ، جاڭ شياۋ

1937 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرى ئۆكتەملىك بىلەن ۋەنپىڭ شەھىرىنى توپقا تۇتتى، لۇگوچياۋ كۆۋرۈكىنىڭ ئەتراپى ئىس ـ تۈتەككە تولۇپ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالدى. جۇڭگو ۋە چەت ئەللىنى چۆچۈتكەن لۇگوچياۋ ۋەقەسىنىڭ پارتلىشى بىلەن جۇڭخۇا مىللىتى ئەڭ خەتەرلىك پەيتكە كەلدى.

ھەر قېتىم مىللىتىمىز ھالاكەت خەۋپىگە دۇچ كەلگەن چاغدا، ھامان جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ!

تاجاۋۇزچىلارنىڭ مىلتىق، زەمبىرەكلىرىنىڭ ئاۋازى قاتتىق ئۇيقۇغا چۆككەن بىر مىللەتنى چۆچۈتۈپ ئويغاتتى، لۇگوچياۋ كۆۋرۈكىدە پۈتۈن مىللەت ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ تۇنجى ئوقى ئېتىلدى. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبى ـ شىمالى، سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ بايرىقى ئاستىدا، بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى بىر نىيەتكە كېلىپ، دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇپ، ئېگىلمەي ـ سۇنماي، قان كېچىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ياۋۇزلۇقتا چېكىگە يەتكەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، ھاياتى ۋە ئىسسىق قېنى بىلەن پۈتۈن مىللەت ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ سەلتەنەتلىك داستانىنى يېزىپ چىقتى. مىسلىسىز جاپالىق جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، جۇڭگو خەلقى ئەڭ ئاخىرىدا تاجاۋۇزچىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، يېقىنقى زاماندىن بۇيان تاشقى دۈشمەنىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى 1 ـ قېتىملىق تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى.

ۋاقىت تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، روھ مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ روھى باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگو خەلقىنى بارلىق جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ كەلدى.

83 يىلدىن كېيىنكى 2020 ـ يىلى، تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن يەر شارىنى قاپلىدى، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە ساغلاملىقى ئېغىر، زور تەھدىتكە ئۇچرىدى، بۇ بىر مەيدان ئىس ـ تۈتەكسىز جەڭ ئىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى باشتىن ـ ئاخىر خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، كەسكىنلىك بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى باشلىدى. 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقى چىدامچان بولۇپ ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ، بىر نىيەتتە «يۇقۇم»غا قارشى جەڭ قىلىشنىڭ مۇستەھكەم مۇداپىئە لىنىيەسىنى قۇرۇپ چىقتى، مىسلىسىز جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، خۇبېينى قوغداش جېڭى، ۋۇخەننى قوغداش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. جۇڭگو ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، يەر شارىۋى «يۇقۇم»غا قارشى جەڭگە مۇھىم تۆھپە قوشتى.

يەنە بىر قېتىم لۇگوچياۋ كۆۋرۈكى بويىدا سەيلە قىلىپ، ۋەنپىڭ قەدىمىي شەھىرىدە مېڭىپ، سېپىل تاملىرىدىكى ھەددى ـ ھېسابسىز ئوق ئىزلىرىغا قارىساق، خۇددى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشنىڭ مىلتىق، زەمبىرەك ئاۋازىنى يەنە ئاڭلىغاندەك بولىمىز. بۈگۈنكى كۈندە، بىر مەيدان ئومۇمىي خەلقنىڭ «يۇقۇم»غا قارشى جېڭى ۋەنپىڭ شەھىرىدە باشلاندى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە 12 ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلۇپ، تۆۋەنگە چۈشكەن كادىرلار، مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزىدىكى تېببىي خادىملار، خەلق ساقچىلىرى، مەھەللە خىزمەتچىلىرى قاتارلىق تۈرلۈك تەشكىلاتلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى بۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلدى، ۋاقىتلىق پارتىيە تەشكىلاتى بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ، بىرتۇتاش تەڭشەپ ماسلاشتۇردى... بۇ، بېيجىڭنىڭ پۈتۈن شەھەر بويىچە سەپەرۋەرلىككە كەلگەنلىكى، ئومۇمىي خەلقنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغانلىقىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى.

83 يىلدىن كېيىنكى 2020 ـ يىلى، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان يىل، جۇڭخۇا مىللىتى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلگەن ئارزۇ ھامان رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان «جەڭ مەيدانى»دا، كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار پەيتنى قولدىن بەرمەي، بۇ قاتتىق جەڭدە قەتئىي غەلىبە قىلماقتا. ئاپتوموبىل بىلەن بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ تۆت سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتا بارغىلى بولىدىغان ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئۇلانچاپتا، دۆلەت دەرىجىلىك سەككىز نامرات خوشۇن، ناھىيەنىڭ ھەممىسى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، لېكىن يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، شۇ جايدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سېتىلماي بېسىلىپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ، قىسمەن دېھقان ئائىلىلىرى قايتا نامراتلىشىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى.

«يېقىندا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىدىغان كادىرلار كوللېكتىپىمىز دۆلەت دەرىجىلىك سەككىز نامرات خوشۇن، ناھىيەنىڭ ھەممىسىگە بىر قېتىمدىن بېرىپ، 400 خىلدىن ئارتۇق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتىنى رەتلەپ ۋە تاللاپ چىقىپ، نامراتلارنى يۆلەپ دېھقانلارغا ياردەم بېرىدىغان بۇ مەھسۇلاتلار بىلەن بېيجىڭنىڭ غايەت زور ئىستېمال بازىرىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشقا ئامال ـ چارە ئىزدىدى.» بېيجىڭ شەھىرىدىن 5 ـ تۈركۈمدە ئىچكى موڭغۇلغا ياردەم بەرگىلى بارغان كادىر، ئۇلانچاپ شەھەرلىك نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىيۇ پېڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «قەدەمنى توختاتماسلىق» نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ۋەزىپە بىلەن چېنىقىدىغان كادىرلارنىڭ دائىملىق خىزمەت ھالىتى، «پەقەت شۇ جايدىكى پۇقرالارغا ياردەم قىلىپ نەرسىلەرنى سېتىپ چىقىرالىساقلا، بىزنىڭ نەچچە قېتىم ئارتۇق قاتىرىشىمىز ھېچقانچە ئىش ئەمەس».

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش! ئاچقۇچلۇق پەيتتە زەربىدارلىق كۆرسىتەلەيدىغان، خەتەرلىك پەيتتە پىداكارلىق كۆرسىتەلەيدىغان بولۇش كېرەك، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى باشتىن ـ ئاخىر ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈپ، يۈكسەك بۇرچىغا داغ تەگكۈزمىدى، خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويمىدى.

ئومۇمىي خەلق يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەڭ مەيدانىدا، 4 مىليون 600 مىڭدىن ئارتۇق ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى، 90 مىليوندىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى، «ھەر ۋاقىت پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بارلىقىمىزنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرىمىز» دېگەن جاراڭلىق قەسەم جۇڭگودا ياڭرىدى، قىزىل پارتىيە بايرىقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدى ...

ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە، كومپارتىيە ئەزالىرى جاھاننى ئۆزگەرتىدىغان مىسلىسىز جۈرئەت بىلەن يېڭى بىر دۇنيا يارىتىشتەك مەردانە كۈرەش ئىرادىسى بىلەن ئاممىنى يېتەكلەپ، نامراتلىققا جەڭ ئېلان قىلدى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىدىن جەمئىي 255 مىڭى ئەۋەتىلدى، جەمئىي 2 مىليون 900 مىڭدىن ئارتۇق 1 ـ شۇجى ياكى كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىر تاللاپ ئەۋەتىلدى، نۆۋەتتە ئىش ئورنىدىكىسى 918 مىڭ نەپەر. ئۇلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسى ئەڭ مۇشكۈل جايلاردا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىق قورغىنىغا ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇم قوزغىماقتا...

«پۈتۈن مىللەت ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىن ئومۇمىي خەلقنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغىچە، يەنە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقىچە، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇلۇغ روھى باشتىن ـ ئاخىر بىزنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرماقتا» دېدى بېيجىڭ شەھىرى فېڭتەي رايونى ۋەنپىڭ شەھەر رايونى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى باۋ لەن.

ئىلگىرى لۇگوچياۋ ۋەقەسىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن، ھازىر 90 ياشقا يېقىنلاشقان قالغان جېڭ فۇلەي بوۋاي قىزىل يەڭ بەلگىسىنى تاقاپ، ۋەنپىڭ شەھىرىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش پىدائىيلىرىنىڭ بىر ئەزاسى بولدى. «ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تارىخىنى جەزمەن ئەستە چىڭ ساقلاپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش روھىغا جەزمەن ۋارىسلىق قىلىش كېرەك!» دېدى جېڭ فۇلەي.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

2020 ـ يىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا نەزەر

# مېھىر ـ شەپقەت مۇجەسسەملىنىپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى تېخىمۇ ئىللىقلىقتا تولدۇردى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۇ شى

7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ تۇنجى كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كۆپلىگەن تارماقلار بىلەن جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش پىدائىيلىرى جاپادىن قورقماي، ئۈن ـ تىنسىز تۆھپە قوشۇپ، كۈچلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ كەڭ ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا بىخەتەر، ئازادە، تەرتىپلىك ئىمتىھان مۇھىتى يارىتىپ بەردى.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى ئاممىۋى قاتناش كارخانىلىرى ئاممىۋى ئاپتوبۇسلارنىڭ تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلىرىنى بىخەتەرلىك بويىچە چوڭ تەكشۈرۈشنى مۇددەتتىن بۇرۇن قانات يايدۇرۇپ، ئاپتوبۇسلارنىڭ «چاتاقى بار تۇرۇپ يولغا چىقىش»نى رەت قىلىپ، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يول يۈرۈشىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن كاپالەتلىك قىلدى.

«دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، بىز تۇنجى نۆۋەتچى ئاپتوبۇسنى مۇددەتتىن بۇرۇن يولغا سېلىش، مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ راۋانلاشتۇرۇش، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار يېقىن ئەتراپتا ئاپتوبۇستىن چۈشەلەيدىغان بولۇش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يول يۈرۈشىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلدۇق» دەپ تونۇشتۇردى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى تىجارەت 2 ـ بۆلۈمى 14 ـ ئاپتوموبىل ئەترىتى 105 ـ يول ئاپتوبۇسىنىڭ شوپۇرى جاڭ يۈلياڭ.

ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار كىنىشكىسىنى ئۇنتۇپ قېلىش، قاتناش قىستاڭچىلىقى قاتارلىق كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارغا يولۇقسا، يول بويىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان خەلق ساقچىلىرىدىن ياردەم سورىسا بولىدۇ... ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتى ئىللىق مۇلازىمەت ئەسكەرتمىسى ئېلان قىلغاندىن باشقا، يەنە پۈتۈن شەھەردىكى 42 ئىمتىھان نۇقتىسى ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ يول قاتناش تەرتىپىنى مەخسۇس تۈزەشنى مۇددەتتىن بۇرۇن قانات يايدۇرۇپ، ئاپتوموبىل شاۋقۇنىنى ئازايتتى.

«مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ ئىمتىھان نۇقتىسىغا ئاپىرىپ قويۇش» پائالىيىتى يەنە بىر قېتىم باشلاندى. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى مەزگىلىدە، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 4542 مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ ئىمتىھان نۇقتىسىغا ئاپىرىپ قويۇش تاكسىسى ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ھەقسىز ئاپىرىپ ئەكېلىشنى باشلىدى، 19 تاكسى ئاپتوموبىل ئەترىتى ئالدىن كېلىشىش تېلېفون نومۇرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئېلان قىلىپ، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئىشىك ئالدىغىچە ئاپىرىپ ـ ئەكېلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى.

نۇرغۇن تاكسى شوپۇرى ئۇدا كۆپ يىل مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ ئىمتىھان نۇقتىسىغا ئاپىرىپ قويىدۇ. شىنجاڭ ساياھەت تاكسى ئاپتوموبىلى(گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى لىي فېڭ ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ شوپۇرى خوۋ خېيىڭ دەل شۇلارنىڭ بىرى.

7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سائەت 7لەردە، خوۋ خېيىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى شىسەندىن ئۈرۈمچى SOS بالىلار كەنتىگە بېرىپ ئىمتىھان بېرىدىغان بىر ئوقۇغۇچىنى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نۇقتىسىغا ئاپىرىپ قويدى. ئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: بۇ يىل ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى مەزگىلىدە، لىي فېڭ ئاپتوموبىل ئەترىتىدىكى جەمئىي 50 شوپۇر «بىرگە بىر» مۇلازىمەت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ھەر كۈنى ئىمتىھان مەيدانىغا مۇقىم ئاپىرىپ ئەكېلىدىغان بولدى. «لىي فېڭ ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن مۇلازىمەت قىلىپ، ئۇلارنى ئىمتىھانغا ئوڭۇشلۇق قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمەن» دېدى ئۇ.

بۈگۈندىن باشلاپ، بىر قىسىم 4S دۇكىنى، سودا سارايى، تالالا بازار قاتارلىقلارمۇ «مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ ئىمتىھان نۇقتىسىغا ئاپىرىپ قويۇش» پائالىيىتىنى ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىدى، «مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ ئىمتىھان نۇقتىسىغا ئاپىرىپ قويۇش» ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەۋج ئالدۇرۇشتىكى بىر كۆچمە ۋاستىگە ئايلاندى.

«ساۋاقداش، جاپا چەكتىڭىز، سۇ ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقىڭىزنى قاندۇرۇۋېلىڭ.» 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئەتىگەندىلا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا، ساقلاپ تۇرغىنىغا ئۇزاق بولغان پىدائىيلار ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بېرىدىغان ھەربىر ئوقۇغۇچىنى تەبەسسۇم بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇزىتىپ قويدى. ھەربىر بوتۇلكا مىنېرال سۇ، ھەربىر ئېغىز «غەيرەت قىلىڭ» دېگەن سۆز ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ھەسسىلەپ ئىللىقلىق ھېس قىلدۇردى.

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى كۈنسېرى يېقىنلاشقاندا، «مەن ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىپ بېرەلەيمەن؟» دېيىش ئۈرۈمچى شەھىرى تيەنشان رايونى نەنۆەن كوچىسى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. نەنۆەن كوچىسى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى ئىشنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت، بىخەتەرلىك كاپالىتى قاتارلىق جەھەتلەردىن باشلاپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نۇقتىسى ئەتراپىدىكى قۇرۇلۇش ئورنى، ئىدارىلەردىكى شاۋقۇنلارنى پەسەيتىش، پاراكەندىچىلىكلەرنى ئازايتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى ھەمدە «ئاتا ـ ئانىلار كۈتۈش رايونى» تەسىس قىلدى؛ ماسكا، ئىچىدىغان سۇ، تازىلىق قەغىزى تارقىتىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر ئارقىلىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى تېخىمۇ ئىللىقلىقتا تولدۇردى.

ئىككىلىك كودنى سكانىرلاپ ئىمتىھان مەيدانىنىڭ ئىچى، سىرتىنى كۆرۈڭ



7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى 1 ـ ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپى ئىمتىھان نۇقتىسىدا، تۇنجى مەيدان ئىمتىھانىنى تۈگەتكەن ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان مەيدانىدىن چىقىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولدى.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شېي لۇڭ فوتوسى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دەل شۇ يىلى، نىلقا ناھىيەسىنىڭ قاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقانلىقى، سۇ تېمپېراتۇرىسىنىڭ يىل بويى 20 سېلسىيە گرادۇستىن تۆۋەن بولىدىغانلىقى، سوغۇق سۇ بېلىقلىرىنىڭ ئۆسۈشى، كۆپىيىشىگە ئىنتايىن ماس كېلىدىغانلىقىدەك ئەۋزەللىكىنى كۆرگەن تيەنيۈن شىركىتى كىچىك قارا سۇ كەنتىگە مەبلەغ سېلىپ، سەنۋېن بېلىقى باقمىچىلىق بازىسى قۇردى.

نىلقا ناھىيەسىنىڭ كەسىپ ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ نامراتلارنى يۆلەشكە تۈرتكە بولۇشىدىكى مۇھىم تۇتقا بولغان «ھۆكۈمەت + باشلامچى كارخانا + نامرات ئائىلە» نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسىنىڭ تۈرتكىسىدە، 2017 ـ يىلى تيەنيۈن شىركىتى شىنجاڭ يۈشۈيچەڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇپ، سەنۋېن بېلىقى باقمىچىلىق بازىسىنىڭ ئەۋزەل بايلىقىغا تايىنىپ، ئەمگەك ـ مۇلازىمەتنى بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىش، بېلىقچىلار ئارامگاھى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ـ سېتىش قاتارلىق تىجارەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

تيەنيۈن شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى جاڭ شيۇنىڭ قارىشىچە، نامرات دېھقان ـ چارۋىچىلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن، كەسىپ تۈرى بىلەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ بىرىكىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، نامرات ئاممىنىڭ كەسىپ تەرەققىياتىدىكى قاتنىشىش دەرىجىسى ۋە مەنپەئەتلىنىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك ئىكەن. «بىر ئېغىز گەپ، ئۇ بولسىمۇ، دېھقانلارنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك» دېدى جاڭ شيۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ شىركەت قارا سۇ يېزىسىدىكى 609 نامرات ئائىلىنى ئۆسۈمسىز قەرز پۇل بىلەن پاي قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلدى، ھەر يىلى 10%لىك نىسبەت بويىچە پايدا تەقسىملەشكە قاتناشتۇردى. پاي قوشقان 609 نامرات ئائىلىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوسانمۇ 10 مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز پۇل بىلەن پاي قوشۇپ، شىركەتنىڭ پايچىكىغا ئايلاندى. باشقىلارغا ئىشلەشتىن ئۆزىگە ئىشلەشكە ئۆتكەچكە، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ناھايىتى تېزلا قوزغىتىلدى. ئۇلارنى تېخىمۇ خۇشال قىلغىنى، مۇقىم پايدا تەقسىملەشتىن باشقا، ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئەزالىرى يەنە ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ تىجارىتىگە قاتنىشىش ئارقىلىق، ئەمگەك ھەققى ۋە پاي ھوقۇقىغا مەبلەغ سېلىشتىن ئىبارەت قوش پايدىغا ئېرىشەلەيدىغان بولدى.

ئوسان چارۋىچىدىن بېلىقچىغا ئۆزگىرىشتەك سالاھىيىتىنى ئالماشتۇرۇشتا قىلچە ئىككىلەنمىدى. «تاغدىكى ئوت ـ چۆپلەر بارغانسېرى شالاڭلاپ كېتىۋاتىدۇ، ئەگەر بىر ئۆمۈر چارۋا بېقىپ، يېشىل تاغنى تاقىر تاغقا ئايلاندۇرۇپ قويساق، ئەۋلادلىرىمىز نېمە يەيدۇ؟»

پاي قوشۇشنىڭ قانداقلا بولسۇن بەلگىلىك خەۋپ ـ خەتىرى بار، دەسلەپتە، ئوسانمۇ 10 مىڭ يۈەن پۇلنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى. «شىركەت پاي قوشۇش ۋاقتى ئۈچ يىلغا توشقان ۋە بەش يىلغا توشقاندا ئەسلىدىكى قىممەتنى تاللاپ چېكىنىپ چىقىشقا ئىككى قېتىم پۇرسەت بارلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى.» زىيان تارتماي مۇقىم پايدا ئالىدىغان بۇنداق ياخشى ئىشتىن ئوساننىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى.

باقمىچىلىق بازىسىغا ئىشقا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئوسان ھەر ئايدا 4000 يۈەن مائاش ئالالايدىغان بولدى. 2017 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، 2019 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، شىركەت 609 نامرات ئائىلىگە جەمئىي 3 مىليون 654 مىڭ يۈەن پايدا تەقسىملەپ بەردى، ئوسانغا 6000 يۈەن تەقسىملەپ بېرىلدى. بۇنداق ئۇزاق ئۈنۈملۈك مەنپەئەت باغلاش مېخانىزمى كارخانا بىلەن نامرات ئائىلىلەرنى زىچ باغلاپ، كارخانىنىڭ تەرەققىياتى ۋە نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت قوش پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

2018 ـ يىلى، قاراسۇ يېزىسى نامراتلىقتىن ئومۇمىيۈزلۈك قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، ئوسانمۇ نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى. خىزمەت قىلغىنىغا ئۈچ يىل توشقاندىن كېيىن، ئوسان شىركەت مۇكاپاتلاپ بەرگەن 105 كۋادرات مېتىرلىق بىر يۈرۈش ئۆيگە ئېرىشتى، بۇ ئۇنى ئىنتايىن پەخىرلەندۈردى.

«يېڭى ئۆيۈم ناھىيە بازىرىدا، مەن كېلەر يىلى بالام باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن كۆچۈپ بېرىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ ياخشى تەربىيەگە ئىگە قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن.»

سائەت 17:00 ئەتراپىدا، ئوسان بېلىقچىلار بىلەن بىللە بېلىق تورىنى يىغدى، سەنۋېن بېلىقلىرى بېلىق توردا پىلتىڭلاپ سەكرەيتتى، بېلىقچىلارنىڭ گۈلقەھقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

ئالتە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، تيەنيۈن شىركىتى تەتقىق قىلىپ ئېچىش، يېتىشتۈرۈش، بېقىش، پىششىقلاش، سوغۇق زەنجىرلىك ئەشيا ئوبوروتى، «ئالاقە تورى +» قاتارلىقلار بىر گەۋدە قىلىنغان يېشىل ئېكولوگىيە كەسىپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈردى، قارا سۇ يېزىسىمۇ كۆلنى ئايلىنىش ساياھەت قىزىق لىنىيەسىنىڭ بەش يىللىق يىرىك پىلانىنى تۈزدى. ئوسان مۇنداق دېدى: پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى مېنىڭ ئائىلەمدەك نۇرغۇن نامرات ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشنىڭ «ئالتۇن تاۋىقى»غا ئىگە قىلدى، مەن بۈگۈندىن كېيىن تىرىشىپ ئىشلەپ، ئائىلەمدىكىلەرنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىمەن.

مۇزلىتىلغان سەنۋېن بېلىقىنى سوغۇق ساقلاش ساندۇقىغا قاچىلاپ، كىچىك كېمىسىگە ئېلىپ چىققاندا گۈگۈم چۈشتى. قايتىش سەپىرىگە ئاتلانغان كېمىلەر قاش دەرياسىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندا، ئوسان بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى بەختلىك تۇرمۇشىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ھاياجان بىلەن سۈرەتلىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 609 نامرات ئائىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىش ئاخىرقى نۇقتا بولماستىن بەلكى يېڭى تۇرمۇشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياغزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)